ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

### پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىش، ھەققىي تۈزىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تۈزىتىش

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

**مۇخبىرلىرىمىز جاۋ شيا، شيا چىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ئالىي مەكتەپلەردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش» «تۆتنى تېپىش» توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېمىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشتەك كۈرەش روھى بىلەن مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، مەنبەنى ئانالىز قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىش يۆنىلىشى ۋە تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

يىغىندىن ئىلگىرى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ئالىي مەكتەپلەردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىشقا كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلىپ، كوللېكتىپ ئۆگىنىپ، سىردىشىپ، سۆزلىشىپ، پىكىر ئېلىپ، مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى ئېچىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى. مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىدا، دىققەت باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈلدى، پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرى ياچېيكا ھەيئىتىگە ۋاكالىتەن خىزمەتتىن دوكلات بېرىپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باھالىشىنى قوبۇل قىلدى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئۆز خىزمىتى ۋە ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى كەسكىن، ئەستايىدىل قانات يايدۇردى، پارتىيە ئەزالىرىنى قاتتىق، ئەمەلىي، دېموكراتىك باھالاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يەتتى.

«بىز ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش›نى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى سىجىل ياخشى قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈش، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.» 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىدا، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ئورگان پارتكومى 3 - پارتىيە ياچېيكىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى بىر - بىرلەپ پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن ئانالىز قىلىپ، سىياسىي، ئىدىيە، ئاساسىي مەقسەت، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، ئىستىل قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان پەرقلەرنى چۆرىدەپ، مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى ئۆزئارا قانات يايدۇردى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش يۆنىلىشى ۋە تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لوپنۇر ناھىيەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆزى تۇرۇشلۇق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىغا قاتناشتى. لوپنۇر ناھىيەلىك پارتكوم ئىشخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى خۇاڭ شياڭخاۋ بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىنىڭ «لازا پۇردىقى»غا تولغانلىقىنى ھېس قىلدى. «تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىدا كۆپچىلىك سەمىمىيلىك بىلەن ئاشكارا ھالدا تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، يوشۇرماي، يان باسماي، قۇلاقنى سوزۇش، يەڭنى شىمايلاش، يۈزنى قىزارتىش، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىش مەقسىتىگە يەتتۇق، بىزنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز كۈچەيدى».

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ھايۋانات تېبابىتى شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلار 2 - ياچېيكىسىنىڭ يېتەكچىسى شۆ خۇيتىڭ مۇنداق دېدى: «ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىش يولىدىكى ھەمراھ ۋە يېتەكچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىدا مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش ئارقىلىق، خىزمىتىمدىكى يېتەرسىزلىكلىرىمنى دەل جايىدا تونۇپ يەتتىم. مەن ئوقۇتۇش شەكلى، ئۇسۇلىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئەلا خىزمەت نەتىجەم بىلەن تۈزىتىش نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىمەن».

ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىدا بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» تەلىپى بويىچە، باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى ھەققىي ياخشىلاپ، كەسىپ ئىقتىدارىمىز ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خىزمەت ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ كۆلەمدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنىڭ تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەيدىغان سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەققىي زىممىگە ئېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

بىرىنچى، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەركەزنى چۆرىدەش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر دىققەتنى باش نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلىشىپ كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىش، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك؛ سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىش، دېموكراتىيەسى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىش، دېموكراتىيەسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك، كۆپ قاتلاملىق تۈزۈملىشىش تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، كەڭ كۆلەمدە ئورتاق تونۇش مۇجەسسەملەش كېرەك. ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يول، تۈزۈم، بايراق، يۆنىلىش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك نېگىزلىك مەسىلىلەردە ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك؛ شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىشتىكى ئاكتىپ كۈچنى كەڭ كۆلەمدە مۇجەسسەملەپ، ئاممىنىڭ ساداسىنى سەممىي كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ھەققىي ئىنكاس قىلىپ، پايدىلىق چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك؛ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە يۈزلىنىپ ئورتاق تونۇشنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر ساھەدىكى ئامما بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىپ ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئەڭ كەڭ ۋە تەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەزالىق ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، سىياسىي كېڭەشنى چۈشىنىش، كېڭىشىشنى بىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ماھىر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاق - پەزىلەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ساھە ئايرىمىسى بويىچە ئاممىنى بىلەن پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلغۇچى، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغۇچى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، پارتكومدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىگە باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپ، پارتىيە سىرتىدىكى دوستلار بىلەن باشلامچى بولۇپ كەڭ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چوڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرى ۋە تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ خەلق سىياسىي كېڭىشىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، كەڭ پارتىيەلىك ئەزالار ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپ، تىرىشىپ پۈتۈن جەمئىيەتتە خەلق سىياسىي كېڭىشىنى قوللايدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

نۇرلان ئابلىمەجىن مۇنداق كۆرسەتتى: ئاڭلىق ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئارقىلىق يۆنىلىش بەلگىلەپ، يول باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، مەركىزىي ھالقىنى ئىگىلەش، ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش ۋە كەڭ ئورتاق تونۇش مۇجەسسەملەش جەھەتتە تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئارقىلىق فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى دادىل زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش جەھەتتە يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا، سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مەدەنىيەت، تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە ئۆگىنىش كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئۈرۈمچىدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇقىم ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. مەركىزىي ھۆكۈمەت سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: سىزنىڭ دۆلەت ۋە ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىغا باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ، يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان باش مەمۇر ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىنى پائال قوللاپ، داۋاملىق «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىگە كۈچ قوشۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

سۈي شىئەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە ئاۋمېن شەھەر ئاھالىلىرىگە ۋاكالىتەن شى جۇشى ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەننىڭ ئاۋمېنغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقى يىغىنى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىشىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ، شى جۇشى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋمېنغا قىلغان غەمخورلۇقىغا ھەمدە ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكى ۋە قوللىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. مەركەزنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، مۇشۇ يىللاردىن بۇيان ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە ھەر ساھە زاتلار «بىر مەركەز، بىر سۇپا، بىر بازا» تەرەققىيات ئورنىنى زىچ چۆرىدەپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋمېننىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىنىڭ مۇۋاپىق كۆپ مەنبەلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ داۋاملىق يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللاپ، ئاۋمېن ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

دىڭ شۆشياڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىلگىرىلىشى كىشىنى پەخىرلەندۈرىدۇ، ۋەتەن خەلقى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتمۇ پەخىرلىنىدۇ. ئاۋمېن «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرى ۋە بار بولغان خاسلىقلىرىنى خۇلاسىلەشكە ئەرزىيدۇ، ئاۋمېننىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات گۈزەل پىلانىنى بىزنىڭ ئورتاق سىزىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كېيىنكى مۇساپىدە، ئاۋمېن جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھە زاتلار بىلەن ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى ۋاڭ چېن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يوۋشيا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما بياۋ قاتارلىق ھەمراھ خادىملارمۇ شۇ ئايروپىلاندا بىللە يېتىپ باردى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى ئاۋۋال يېتىپ بارغاندى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خې خوۋخۇا، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ كاندىدات باش مەمۇرى خې يىچېڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ھازىرقى مەمۇرىي، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار ئايروپورتتا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى فۇ زىيىڭ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىل مەھكىمىسىنىڭ خاس ۋەكىلى شېن بېيلى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ سىلىڭيۈەنى شۇ لياڭسەي، جېڭۋېيىسى سۈن ۋېنجۇ قاتارلىقلارمۇ ئايروپورتتا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 14 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ماقۇللاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە) نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قاراپ چىقىش تەستىقلاشقا سۇنغان 2020 - يىللىق قىسمەن مەخسۇس زايومنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن نورمىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن چۈشۈرۈشكە ئالاقىدار تەكلىپ لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى؛ «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قورغاس شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىشنى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)» ھەققىدىكى ئىزاھاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپى، سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسىملىك لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئايرىم ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى؛ كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش تەكلىپى توغرىسىدىكى ئىزاھاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەڭلىك سېيىت، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.